# 153631 ـ مېيت ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۈنى سۆيۈپ قويۇش توغرىسىدا

**سوئال**

ئىنسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۈنىڭ يېقىنلىرى ۋە دوستلىرى ئۈنى سۆيۈپ ۋىدالىشىشى توغرىسىدا ھەدىس بارمۇ؟، مېيىتنىڭ ئايالى يولدىشىنى سۆيۈپ ۋىدالاشسا بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سەھىھ ھەدىسلەر ۋاپات بولغان مېيىتنى سۆيۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، مېيت ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى بولسۇن ياكى باشقا كىشىلەر بولسۇن بۇنىڭ پەرقى يوق، ئەر كىشى ئەر مېيىتنى سۆيسە، ئايال كىشى ئايال مېيىتنى سۆيسە توغرا بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇئەنھۇ ۋاپات بولغاندا، يىغلاپ تۇرۇپ ئۈنى سۆيۈپ قويغان.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 3163 ـ ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى سۆيۈپ قويغان ئىدى.[ بۇخارى رىۋايىتى 4457 ـ ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ" :مېيىتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرى مېيىتنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ قويسا بولىدۇ. بۇ توغرىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنىدى"] ."شەرھىل مۇھەززەب- 5 "توم- 111 بەت.]

ھاپىز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ " :بۇ ھەدىس مېيىتنى سۆيۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ."

شەۋكانىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ" :ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۈنى سۆيگەنلىكىنى ساھابىلاردىن ھېچ بىرى ئىنكار قىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىجما بولدى ."شۇنىڭغا ئوخشاش: ئايالمۇ ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۈنىڭ يۈزىگە ياكى پېشانىسىگە سۆيۈپ ۋىدالاشسا بولىدۇ.

شەيخ بىن باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ" :مېيىتنى مەھرەملىرىدىن بولغان ئاياللار سۆيسە بولىدۇ، ئەرلەر سۆيسىمۇ

بولىدۇ، خۇددى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى سۆيگەندەك". [پەتىۋالار مەجمۇئەسى- 13 "توم- 102 بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.